# خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، تەڭپۇڭ بولغان ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ بەرپا قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىدا ۋۇ خاۋ، خۇاڭ لۇچى، ۋاڭ چېن، يەن چۇنخۇا، ۋاڭ خۇەن، خۇ يۈ، لىن جۇڭچىن قاتارلىق يەتتە ئەزا ئاساسىي قاتلام سەھىيە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى دۆلەت تېببىي مائارىپى ۋە تەتقىقات سىستېمىسى بەرپا قىلىش، ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئاساسىي مائارىپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، مائارىپ ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تېببىي دورا ـ سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلاپ، بىرلەشمە گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىگە قاتنىشىپ، ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەرقايسى ئەزالار، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا سەممىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىل يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر بولغان دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەر شارىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئىچىدە ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئالدى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، «13 ـ بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «14 ـ بەش يىل»نى ئومۇميۈزلۈك پىلانلىدى. بۇ نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلدى، بۇ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، جۈملىدىن ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، ئاق خالاتنى ساۋۇت قىلىپ، قارشى يۈرۈشتە جەڭگە ئاتلىنىپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، جاسارەت بىلەن جاپالىق جەڭ قىلىپ، قان ۋە گۆشتىن پۈتۈلگەن تېنى بىلەن ۋىرۇسقا توسۇپ زەربە بېرىشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دوختۇرلارنىڭ مېھرىبان قەلبى ۋە چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىنى شەرھلىدى. كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە «دەرس توختىسىمۇ ئۆگىنىشنى توختاتماسلىق، ئوقۇتۇشنى توختاتماسلىق»تىن ئىبارەت ئىككى جەڭ سېپىدە قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، يۈز مىليونلىغان ئوقۇغۇچىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى قوغداپ، دۇنيادىكى ئەڭ زور كۆلەملىك تور مائارىپىغا تىرەك بولۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئوقۇشنى، دەرسنى ئومۇميۈزلۈك، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ھەرقايسى تېببىي دورا ـ سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالار، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خەلقنىڭ ساغلاملىقى جەمئىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئەمەلىيىتى ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ تېجەشلىك، ئەڭ ئۈنۈملۈك ساغلاملىق تەدبىرى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، مەۋقەنى تېخىمۇ دەل جايىدا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشقا قويۇپ، ئالدىنى ئېلىش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى سەھىيە بويىچە ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنى باھالاش، ھۆكۈم قىلىش، تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ۋە ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دەسلەپكى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ئىقتىدارى، تېز سۈرئەتتە تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئىقتىدارى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى، ئۈنۈمبىرسال قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر، چوڭ كېسەللەرنى مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرى ئەڭ جىددىي، ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ جاپالىق داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇردى. ھۆكۈمەت داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپ، ناھىيە رايونى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇل ئەسلىھە شارائىتىنى ياخشىلاپ، يېزا ـ كەنت دوختۇرلىرىنىڭ تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەلنى داۋالاش ۋە ساغلاملىق بويىچە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تېببىي دورا ـ سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈزۈمى، زامانىۋى دوختۇرخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئومۇمىي خەلق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى، دورا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى، ئۈنۈمبىرسال نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تىرىشىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، ۋارىسلىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇلازىمەت سىستېمىسى، مۇلازىمەت ئەندىزىسى، باشقۇرۇش ئەندىزىسى، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئەندىزىسىنى ئورنىتىپ، ئەنئەنىۋى جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى ۋە غەرب تېبابىتى دورىلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش جەھەتتىكى ئۈنۈمىنى ئىلمىي يەكۈنلەپ ۋە باھالاپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاشتىكى داۋالاش ئۈنۈمىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈش كېرەك. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلارغا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، دوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر، ۋاكسىنا قاتارلىق ساھەلەردىكى «گالنى بوغىدىغان» مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىسلاھاتى سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، دورىنى مەركەزلىك، مىقدارلىق سېتىۋېلىشنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە ئېغىر كېسەل داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ «جان ساقلاش پۇلى»، «جان قۇتقۇزۇش پۇلى»نى ياخشى ساقلاش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر خەلقنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار ئىش ـ ئىزلار ۋە دەۋر نەمۇنىچىلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە دوختۇرلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سەھىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك. تېببىي خىزمەتچىلەرنى قوغداش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، تېببىي خادىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، دوختۇرخانىلارنىڭ ئامانلىق ساقلاش كۈچى ۋە ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، داۋالاش جېدەللى ۋە زوراۋانلىق قىلىپ دوختۇرلارنى زەخىملەندۈرۈش قىلمىشىغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىستىل، تېببىي قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تېببىي ئەخلاق يېتىلدۈرۈپ، مېھرىبانلىق بىلەن دوختۇرلۇق قىلىپ، ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەلبىگە پۈكۈپ، خەلقنىڭ كاتتا دوختۇرى بولۇپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ساغلاملىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مائارىپ دۆلەتنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى، پارتىيەنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى. پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى ئىدىيەۋى ئەخلاق تەربىيەسى، مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيەسى، جەمئىيەت ئەمەلىيىتى تەربىيەسىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئاساسىي مائارىپ، كەسپىي مائارىپ، ئالىي مائارىپنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، پەن سىستېمىسى، ئوقۇتۇش سىستېمىسى، دەرسلىك سىستېمىسى، باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە نامايان قىلىپ، يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلاش، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرغۇتۇپ قەلبنى ئوزۇقلاندۇرۇش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ئەمەلىيىتىدىن يېڭى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى نەزەرىيە بەرپا قىلىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، جۇڭگوچە خاسلىققا، جۇڭگوچە سالاپەتكە ئىگە پەن سىستېمىسى، ئىلىم سىستېمىسى، سۆز سىستېمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىنى يېتەكچى قىلىپ، ئادەم تەربىيەلەش شەكلى، مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، كاپالەت مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مائارىپنىڭ ئىجادىي تەرەققىيات ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان، يۇقىرى سەۋىيەدە ئۆزىگە تايىنىپ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان تېخىمۇ كۆپ تۈرلۈك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، مائارىپ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا چىڭ قادىلىپ قويۇپ بەرمەي، قەتئىي تۈردە دەل جايىدا تۈزىتىش، ئۈزۈل ـ كېسىل تۈزىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئوقۇتقۇچىلار مائارىپ خىزمىتىدىكى تايانچ كۈچ. يۇقىرى سۈپەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بولغاندىلا، ئاندىن يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ بولىدۇ. ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇشتا، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئىنتىلىدىغان بولۇش، مائارىپنى قىزغىن سۆيىدىغان ئىرادىگە، نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغان قەتئىيلىككە ئىگە بولۇش، غايە، ئېتىقادقا ئىگە بولۇش، ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، پۇختا بىلىمگە ئىگە بولۇش، مېھرىبان قەلبكە ئىگە بولۇش كېرەك. كەڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرى سىياسىيدا كۈچلۈك بولۇشى، مېھىر ـ مۇھەببىتى چوڭقۇر بولۇشى، تەپەككۇرى يېڭى بولۇشى، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇشى، ئۆزىگە تەلەپ قويۇشتا قاتتىق بولۇشى، پەزىلىتى دۇرۇس بولۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلار ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنى پېشقەدەم مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ «ئۆزىنى بېغىشلاش، تەمە قىلماسلىق» روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، سەممىي قەلب، ئۆزىنى بېغىشلاش قەلبى، مېھرىبانلىق قەلبى بىلەن مائارىپ ئىشلىرىغا ئاتلىنىشقا يېتەكلەش كېرەك. ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى نىشانلىق تەربىيەلەش ۋە دەل جايىدا تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنى قوللاش پىلانىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلار بەس ـ بەستە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان، ياخشى ئوقۇتقۇچىلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلىتىمىزدىكى كەڭ ئاياللار يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىپ، ئاياللار ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان ئېپتىخارلىق تۆھپىسى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن «يېرىم دۇنيا»لىق مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ھەرقايسى سەپلەردە كەڭ ئاياللار باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، يېڭى دەۋر ئاياللىرىنىڭ قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. كەڭ ئاياللارنىڭ ئۇلۇغ ئىشنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن، مەدەنىي كەيپىياتنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن، ئارزۇنى قوغلىشىشقا جۈرئەت قىلىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى كەڭ ئاياللارنى پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەشتەك سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، كەڭ ئاياللارنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە باش قەھرىمانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، دۆلىتىمىز ئاياللار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاياللار ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئەھمىيەت بېرىش، كۆڭۈل بۆلۈش، قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىشى كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، جاڭ چىڭلى، ۋەن گاڭ، لۇ جەنگۇڭ، لى بىن قاتارلىقلار بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ ئالىي مائارىپىدا بىر قەدەر چوڭ پەرق مەۋجۇت» «قارىغۇلارچە تېببىي شۆيۈەن قۇرۇش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش تېببىي مائارىپ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ» «ئوقۇغۇچىلارنىڭ تور ئويۇنىغا بېرىلىپ كېتىش مەسىلىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى»...

باش شۇجىنىڭ ئۈمىدلىك نەزەرى ئالدىدا، ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردىن كەلگەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى كېلىشىۋالغاندەكلا ھازىرقى مائارىپ ساھەسىدىكى بىر قىسىم قىزىق نۇقتا مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى. بۇ، باش شۇجىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى.

لەنجوۋ داشۆدىن كەلگەن ئەزا يەن چۇنخۇا سەل ئەندىشە قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: «يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنىڭ ئالىي مائارىپىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن شەرقىي قىسىمنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا بىر قەدەر چوڭ پەرق مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنىمۇ چوڭىيىش ئېھتىماللىقى بار».

«مائارىپ تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى رايون تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى، يېتەرلىك بولماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇلاپلا مۇنداق دېدى: «بىز ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنىڭ مائارىپ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، مائارىپتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ھەل قىلىش ئارقىلىق باشقا جەھەتلەردىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك».

ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنىڭ مائارىپ سەۋىيەسىنى قانداق ئۆستۈرۈش كېرەك؟ باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. دۆلەت ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى نىشانلىق تەربىيەلەش ۋە دەل جايىدا تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنت ئوقۇتقۇچىلىرىنى قوللاش پىلانىنى چوڭقۇر يولغا قويىدۇ.

ئالىي مائارىپمۇ تېببىي دورا ـ سەھىيە ساھەسىدىن كەلگەن ئەزا ۋاڭ چېن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە ئىدى. ئۇ سۆزىدە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: تېببىي مائارىپ بايلىقى ئەھۋالىغا ئاساسەن تېببىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش كېرەك ھەم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مىقدارىنى بېكىتىش، قارىغۇلارچە تېببىي شۆيۈەن قۇرۇش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق تېببىي مائارىپ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈش ھادىسىلىرىنى توسۇش كېرەك.

«قايسى كەسىپلەردە يوچۇق بىر قەدەر چوڭ؟... باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىغاندىن كېيىن مۇنداق كۆرسەتتى: بەزى ئالىي مەكتەپلەر ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تېببىي شۆيۈەن قۇرۇۋاتىدۇ، بۇنداق قىلىش «ئالدىراپ قالغانلىق».

«ئاچقۇچ سۈپەتنىڭ قانداق بولۇشىدا، بۇنىڭدا ئۆتكەلنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك.» باش شۇجى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا دەل جايىغا تەگكۈزدى.

مائارىپ، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپ ئىزچىل ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭ ئويلىنىۋاتقان مۇھىم، زور مەسىلە بولۇپ، يىراقنى نەزەر سېلىنغان، چوڭقۇر پىلانلانغان، شۇنداقلا دەل جايىدا كۆرسىتىلگەن، ئىنچىكە ئويلىنىلغان.

«ئىلگىرىكى يىللاردا مەن فۇجيەن، جېجياڭدا خىزمەت قىلغاندا، ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى باشتىن كەچۈردۈم. بەزى جايلار ئالىي مەكتەپ شەھەرچىسى قۇرۇپ، قوشۇۋېتىشنى يولغا قويدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈزلىنىش ئارمىيەسى كۆلىمىدە بولۇپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەم بولسىلا تېببىي شۆيۈەن، گۈزەل سەنئەت شۆيۈەنى قۇرماقچى بولدى، 'ھەممە تولۇق' بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق، كەسپىي ئەۋزەللىكى روشەن ئەمەس».

«بۇنداق يۈزلىنىش توغرىمۇ ـ توغرا ئەمەسمۇ؟ بۇنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئەرزىيدۇ». باش شۇجى شى جىنپىڭ: ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى يەنە داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ئاساسىي مائارىپمۇ باش شۇجى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە.

بېيجىڭ شەھىرى دۇڭچېڭ رايونى شىجيا مائارىپ گۇرۇھىدىن كەلگەن ئەزا ۋاڭ خۇەن ھازىر «ئوقۇغۇچىلارنىڭ تور ئويۇنىغا بېرىلىپ كېتىشى» «مەكتەپ سىرتى تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق» قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىغانلىقى ئۈستىدە توختالدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: پەقەت تور ئويۇنىغا بېرىلىپ كېتىش مەسىلىسى بار بولۇپلا قالماي، توردا يەنە نۇرغۇن قالايمىقان نەرسىلەر بار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ پسىخىكىسى پىشىپ يېتىلمىگەچكە، ئاسانلا ناچار تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئۇ يەنە «مەكتەپ سىرتى تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق» مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ئاتا ـ ئانىلار بىر تەرەپتىن بالىلىرىنىڭ جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشىنى، بەختلىك بالىلىق دەۋرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بالىلىرىنىڭ نومۇر رىقابىتىنىڭ باشلىنىش پەللىسىدە ئۇتتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇپ، مائارىپ تارماقلىرى ئۆز ئالدىغا ھەل قىلالمايدۇ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەر، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئورتاق تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە قانداق قىلغاندا ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى سۆزلىگىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختالدى.

«ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى سۆزلەش ئاسان ئەمەس. ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ئۆتۈشتە ھۆججەتنى ئېلىپ ئوقۇپ قويۇشقىلا بولمايدۇ، ھاياتىي كۈچى يوق، ئۈنۈمى بولمايدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، ئاچقۇچ ئوقۇتقۇچىلاردا. كەڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرى سىياسىيدا كۈچلۈك بولۇشى، مېھىر ـ مۇھەببىتى چوڭقۇر بولۇشى، تەپەككۇرى يېڭى بولۇشى، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇشى، ئۆزىگە تەلەپ قويۇشتا قاتتىق بولۇشى، پەزىلىتى دۇرۇس بولۇشى كېرەك».

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى.

«ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، مائارىپ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا چىڭ قادىلىپ قويۇپ بەرمەي، قەتئىي تۈردە دەل جايىدا تۈزىتىش، ئۈزۈل ـ كېسىل تۈزىتىش كېرەك».

ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: مائارىپنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، تەڭپۇڭ بولغان ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسى قۇرۇپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

سەممىي غەمخورلۇق، سەممىي تاپشۇرۇق، دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگىنىگە ئوخشاش ——

«مائارىپ دۆلەتنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى، پارتىيەنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**